UTFW2-007 - Nuryem Abla

1. مېنىڭ ئىسمىم نۇرىيەم ئابلا. مەن2005- يىلى ۋەتەندىن ئايرىلىپ، كاناداغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ھازىر كانادادا ياشايمەن. مەن بۈگۈن خىتاينىڭ لاگېرلىرىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئائىلە ئەزالىرىم ھەققىدە گۇۋالىق بەرمەكچى.
2. بىرىنچى رەسىمدىكى چوڭ ئاچام مەلىكەم ئابلا(64 ياش) 1957-يىلى 3-ئاينىڭ 29-كۈنى كۇچا ر ناھىيەسىدە تۇغۇلغان . تۇرۇشلۇق ئورنى: كۇچا ناھىيەلىك سۇ ئىدارىسى يېڭى شەھەر (گۇپوتەن) ئائىللىك قوراسى. 2005-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە بارغان،قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پاسپورتى مەجبۇرى يىغىۋېلىنغان.
3. 2017 - يىلىدىن باشلاپ تېلىفۇن ئالاقەم ئۈزۈلگەن. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۆزلەشكەندە ئاچام ماڭا : " ھۆكۈمەتتىن بىزگە چەتئەلدىكى ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭلار بىلەن سۆزلەشمەيسىلەر،كەلگەن تېلىفۇنلارنىمۇ ئالمايسىلەر، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ" دەپ ئۇختۇردى،" بۇندىن كېيىن ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغۇچە كۆرۈشەلمەيمىز" دىگەن ئىدى. شۇندىن ئىتىبارەن ئالاقە قىلالمىدىم.
4. 2018- يىلىنىڭ باشلىرىدا  ئاچام لاگېرغا تۇتقۇن قىلىنىپ، 6- ئاينىڭ ئوتتۇرلىدا لاگېردا ئۆلۈپ كەتكەن. ھەتتا جەسىدىنىمۇ قايتۇرۇپ بەرمىگەن. مەن بۇ شۇم خەۋەرنى 2 يىلدىن كېيىن ئاندىن بىلدىم. ھازىرغا قەدەر ئابلام مەلىكەم ئابلانىڭ نىمە ئۈچۈن تۇتۇلغانلىقى ۋە ئۆلۈمى توغۇرلۇق ھىچ قانداق خەۋەر ئالالمىدىم.
5. ئىككىنچى رەسىمدىكى 2- ئاچام مەريەم ئابلا(59 ياش). 1962 - يىلى  8-ئاينىڭ 22- كۈنى كۇچار ناھىيەسىدە تۇغۇلغان.كىملىك نۇمۇرى: 652923196108220325  تۇرۇشلۇق ئورنى: كۇچار ناھىيە 1- ماي جەنۇبى يولى ئۈرۈكزارلىق ئائىللىكلەر قوراسى11- بىنا 201- ئۆي. سودا-سانائەت بانكىسىدىن دە م ئېلىشقا چىققان. 2015- يىلى خىتاي پاسپورتى بىلەن دۆبەيگە ساياھەتكە بارغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پاسپورتى يىغىۋېلىنغان. 2018- يىلىنىڭ بېشىدا لاگېرغا ئەكىرىپ كېتىپ، 4- ئاينىڭ ئاخىردا ھىچ قانداق

ئاساسسىز 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. بۇ شۇم خەۋەرنىمۇ ئوخشاشلا 2 يىلدىن كېيىن بىلدىم. ئاچام مەريەم ئابلانىڭ ھەر قانداق بىر جىنايەت سادىر قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاچام مەريەم ئابلانى شەرتسىز، دەرھال قويۇپ بېرىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىمەن.

6. ئۈچۈنچى رەسىمدىكى سالاھىدىن ئەنۋەر( جىيەن قىزىمنىڭ يولدىشى، 38 ياش). 1983- يىلى 11- ئاينىڭ 15- كۈنى كۇچار ناھىيە كونا شەھەر ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدا تۇغۇلغان. تۇرۇشلۇق ئورنى: كۇچار ناھىيەلىك رادىئو ئىستانسىسى يېڭى شەھەر ئائىلىلىكلەر قوراسى. ئۆزى ئىگىلىك تىكلەپ، كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەردە ئۆزىنىڭ چىش دوختۇرخانىسىنى قۇرغان چىش دوختۇرى. 2016- يىلى خىتاي جازا لاگىرىغا ئاكىرىپ كېتىپ، 14 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن. ھازىرغىچە ئىچىدە. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جىيەن قىزىمنىڭ يولدىشى سالاھىدىن ئەنۋەرنى دەرھال شەرتسىز قويۇپ بېرىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىمەن. بۇلار پەقەت مېنىڭ ئائىلەمدىن بىلگەنلىرىم. باشقا ئۇرۇق- تۇققانلاردىن لاگىرغا ئەكىرىپ كەتكەنلەر بار بولسىمۇ ، ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، ئۇلارغا ئائىت ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم. يولدۇشۇم تەرەپتىن ھازىرغا قەدەر ئەنسىرەپ تۇرىمىز. ھېچ قانداق خەۋەر ئالالمىدۇق. ئۇلار لاگىر ئىچىدىمۇ- سىرتىدىمۇ ، ئۆلدىمۇ ۋە ياكى ھاياتمۇ ئۇنى بىلمەيمىز.

7. مېنىڭ دادام ئابلا ئەيسا ۋە بۇۋام قاسىم ھاشىملار مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىدا خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن بىر ھەپتە ئىچىدىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۆز دادىسى ۋە يولدىشىدىن ئايرىلغان، 5 بالا بىلەن يالغۇز قالغان 32 ياشلىق ئاپام نۇرغۇنلىغان ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. قېرىنداشلىرىم ۋە مەن كىچىگىمىزدىن تارتىپلا خىتاي جاللاتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكى سەۋەبىدىن دادا مېھرى كۆرەلمىدۇق. ھازىرمۇ مىڭلىغان- مىليۇنلىغان ئۇيغۇر بالىلىرىمىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلمەكتە.

مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بېتىدە نەشىر قىلىنغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.

ئىمزا:

ۋاقىت: